# 10831 ـ ئېرى هاراقكەش بولسا ئۇنىڭ بىلەن ياشىغان ئايالنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

سوئال: ئايال كىشى ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى هاراقكەش بولسا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ كۆپ قېتىم قارشى چىقتى، لېكىن توختىتالمىدى. ئايال ئېرىنىڭ بۇ يامان ئىشى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭمۇ جازالىنىشىدىن قورقىدۇ. ئېرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بۇزۇۋېتىشنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇنى سۆيىدۇ. زادى نېمە قىلىشى كېرەك؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

جاۋاب:

ئالدى بىلەن بۇ ئەرنىڭ هاراقنى تاشلاپ ئاللاهقا تەۋبە قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. هاراق ئىچىش ئاللاھنىڭ كىتابى ،پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن قەتئىي هارامدۇر. ئاللاه مۇنداق دېگەن:« ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش،قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ا￼ نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن،قىماردىن) يانماسسىلەر؟ ا￼ غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) هەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار،

بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر» (مائىدە سۈرىسى 90– 92– ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: هەر قانداق مەس قىلغۇچى نەرسە هاراقتۇر ۋە هەرقانداق هاراق هارامدۇر ( مۇسلىم رىۋايىتى)

پۈتۈن مۇسۇلمانلار هېچ ئىختىلاپسىز، كەسكىن هالدا هاراقنىڭ هاراملىقىغا ئىتتىپاقلاشقان. هەتتا بەزى ئۆلىمالار هاراقنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى دىندىكى ئەڭ ئاساسلىق تەلىماتلار قاتارىدىن سانىغان. ئۇنىڭغا شۇنداق نەسىھەت قىلىمىزكى، هاراقنى قەتئىي تاشلىسۇن، ئۇنىڭ ئورنىغائاللاه هالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى قوللانسۇن. هاراق پاسكىنىلىقلارنىڭ ئانىسى ۋە پۈتۈن يامانلىقنىڭ ئاچقۇسىدۇر. ئاللاه هاراق ئىچىپ تەۋبە قىلمىغانلار ئۈچۈن قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلاغن. جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: هاراق ئىچكەنلەرنى قىيامەت كۈنى دۇزاخ ئەهلىنىڭ تەرلىرى بىلەن سوغۇرۇش بىلەن ئازابلاش ئاللاهنىڭ ۋەدىسىدۇر.(مۇسلىم رىۋايىتى).

ئاللاهقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش، هاراقنى تاشلاشقا چىن دىلىدىن بەل باغلاش بىلەن ئۇنى تاشلىغىلى بولىدۇ. ئەمما هاراقكەشنىڭ ئايالى بولغان ئەي مۇسۇلمان ئايال! سىزگە ئېرىڭىزنىڭ هاراق ئىچكەنلىكى سەۋەبلىك گۇناھ يوق. چۈنكى ئاللاه ئىنسانىنى قىلمىغان ئىش ئۈچۈن جازالىمايدۇ. بىراۋ بىرانىڭ گۇناهىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ دەپ كۆرسەتكەن. بەلكى سىز ئېرىڭىزنى هاراق ئىچمەسلىككە دەۋەت قىلىش ۋە نەسىهەت قىلىش بىلەن ساۋاب تاپىسىز. مۇنداق ئەر بىلەن ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلغانلىقىڭىز

ئۈچۈنمۇ سىزگە گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ھاراق ئىچكەن ئادەم گۇناھكار بولسىمۇ، كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. كۆپرەك مەلۇمات ئۈچۈن شەيخ ئۇسەيمىنىنىڭ 2/890 نومۇرلۇق پەتۋاسىغا قاراڭ.